# 32466 - زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان كىشى تەۋبە قىلىشنى خالايدۇ.

## سوئال

سىڭلىمنىڭ يولدىشى زەھەرلىك چېكىملىككە ئادەتلىنىپ قالغان، بۇنىڭدىن چەكلىنىشنى ئىرادە قىلسىمۇ خۇمار بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن قول ئۈزەلمەيۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان كىشى، سىڭلىمنىڭ ئۈچ بالىسى بار، قانداق قىلغاندا يولدىشىنى بۇ قىلمىشتىن تەزدۈرەلىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھالەتكە بېرىپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغانئاللاھغا خاستۇر.

سىڭلىڭىزغاقىلىدىغان نەسىھىتىمىز؛ ئۇ دائىم ئېرىنىڭ يېنىدىنئايرىلماستىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ ھەقىقى تەۋبە قىلىشىغا ياردەمچى بولىشى،ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئائىلىسىنى ھالاكەتكە ئېلىپبارىدىغان ئىنسانى شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىغا تاشلاپقويماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭيارىدىمىگە ناھايىتى بەك ئېھتىياجلىق.

شۇنىڭدەكزەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇشمەركەزلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىشىلازىم. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئابرۇيىغا تەسىريەتكۈزمەيدۇ. بەلكى يولدىشىنىڭ بۇقىلمىشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا پايدىسى بولىدۇ.ھەر دائىم ئىككىلەنمەستىن داۋالاش مەركەزلىرىگەتىلىپۇن قىلىپ مەسلىھەت سوراپ تۇرۇشى لازىم.

سىڭلىڭىزيولدىشىنى، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋەقورقۇشقا يېتەكلىشى، ئۆلۈمنى ۋەئاللاھغا ئۇچرىشىشنى ئەسلىتىشى، زەھەرلىكچېكىملىكنى تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈشۋە ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە ئىنسانغائېلىپ كېلىدىغان خەتىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالى،ئائىلىسىنىڭ كېلىچىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنتايىنچىرايلىق ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشى لازىم.شۇنداقلا ئۇنىڭ پات-پۇرسەتتە ساقىيىپكېتىدىغانلىقى ۋە بۇ قىلمىشتىن قولئۈزەلەيدىغانلىقى، مېھرىبان ئاللاھنىڭئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغائۈمىدلەندۈرىشى كېرەك.